# « تۆركىي تىللار دىۋانى »دىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر ماقال – تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە

*گۈلئالەم ئىبراھىم Guliairemu YİBULAYİN/

قىسقىچە مەزمۇنى

ماقال–تەمسىل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان تەركىبى قىسىملارنىڭ بىرى .ماقال –تەمسىللەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور، قوللىنىش دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئېغىزدىن –ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . بۇ ماقالىدە « تۆركىي تىللار دىۋانى »دىكى بىر قىسىم ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا ئائىت سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقال – تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: « تۆركىي تىللار دىۋانى »؛ ئادەم تېنى ۋە ئەزالار؛ ماقال – تەمسىل

**The Feature of Proverbs on Human Body and Its Organs in Dīwān Lughāt al-Turk (Compendium of the languages of the Turks)**

**Abstract**

Proverb is one of the important consisting part of Uyghur oral literature, therefore, it contains high educational value and widely used in the past, it is being transmitted orally and deeply rooted among the people. In this paper, I try to discuss about the feature of some proverbs in our social life which contain some of the human body and its organs.

**Key Words:** Dīwān Lughāt al-Turk, Proverb, Human Body, Organs, Feature

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ « تۆركىي تىللار دىۋانى »دا ئەينى ۋاقىتتىكى تۆركىي تىللىق خەلىقلەرنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۆرۈپ-ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ،بۇنىڭ ئىچىدە سۆزلەنگەن مەزمۇنلار كۆپ خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.ماقالىمىزدە « تۆركىي تىللار دىۋانى »دا تىلغا ئېلىنغان ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر ماقال – تەمسىللەرنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بايلىقى ،كۆپ خىللىقلىقى ۋە تارىخى ئەھمىيىتى بىلەن قىممەتلىك مىللىي مىراسلىرىمىزدىن بىرى سۈپىتىدە سانىلىپ كەلمەكتە. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسىملىرىدىن بىرى بولغان ماقال-تەمسىللەر قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ،مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغاچقا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ چوڭدىن –كىچىككىچە ئاممىبان ئالاقە تىلىغا ئايلاندى . ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالىرىغا دائىر فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر باشقا فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەرگە ئوخشاش تۇراقلىق قۇرۇلمىلىق مۇناسىۋەتكە ۋە مۇرەككەپ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان بۇلىدۇ. [1]بۇ خىل قۇرۇلما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا

*غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى،لەنجۇ/School of Uyghur Language and Literature, Northwest University for Nationalities, Lanzhou, Gansu, 730030.

1 تۇرغۇنجان ئىسلام: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2012-يىللىق 3-سان.

كۆرۈنۈشىدە شەكىللەنگەنلىكى ئۇچۇن كۈچلۈك مىللىي ئۆرۈپ ئادەت تۈسىگە ئىگە. شۇ سەۋەبدىن« تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى ماقال – تەمسىللەر ،بۇلۇپمۇ ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر سۆزلەر قۇشۇلغان ماقال –تەمسىللەرنى مىسال قىلىنىش ئارقىلىق ،كىشىلەرگە ئوخشاش بولمىغان كونتېكىستتىكى سۆزلەرنىڭ مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ،مەيلى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ،شۇ دەۋىرنىڭ ئىجدىمائىي قىياپىتىنى ئەكىس ئەتتۈرۈشتە ،كىشىلەرگە بولغان تەربىيۋي ئەھمىيىتى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان .

11-ئەسىرلەردە يېزىلغان « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر سۆزلەر قۇشۇلغان ماقال –تەمسىللەرنىڭ باشقا ماقال –تەمسىللىردىن پەرىقلىنىپ تۇردىغان روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى ،ماقال –تەمسىللەر تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرنىشىدە شەكىللەنگەنلىكى ئۇچۇن كۈچلۈك مىللىي ئۆرۈپ-ئادەت تۈسىگە ئىگە ،مەنىسى ئۆتكۈر ھەم چۈشىنىشلىك ، ئاممىباپلىقى ۋە بىر قەدەر مۇقۇم بولغاچقا،شۇ دەۋىردىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىنى ئەينەن ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن ۋە نۇرغۇنلىرى تاھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە . ھەر بىر مىللەتنىڭ ئادەم تېنى ۋە ھەر قايىسى ئەزالارنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلىرى بۇلىدۇ .شۇنىڭدەك بۇ ماقالىدە ئادەم تېنى ۋە ئەزالارنىڭ نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى ماقال – تەمسىللەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈپ بېرىلدۇ .

«تۈركىي تىللار دىۋان» دا خەلق ماقال–تەمسىللەرنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچۇرتىمىز،ھازىرمۇ قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ماقال–تەمسىللەرنىڭ كۆپلىرىنى شۇ كىلاسسىك ئەسەردە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ئۇ ماقال–تەمسىللەردە ئىناق-ئىتپاقلىق، راستچىنلىق، سەمىمىي-سادىقلىق، ئاقكۆڭۈللۈك، ئەمگەكچانلىق، ئۆز-ئارا ھۆرمەتلەش ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشتەك گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە تەرىپلەپ مەدىھىيەئوقۇلسا، يالغانچىلىق، ساتقىنلىق، ھورۇنلۇق، نادانلىق، ئالدامچىلىق قاتارلىق ناچار ئىدىيە، ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ قامچىلانغان . « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارنىڭ نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقال –تەمسىللەر ئاساسلىقى بىرنەچچە تۈرگە بۆلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيۋى ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە نوقتۇلۇق ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرىنچى،** «تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى « باش» قا دائىر ماقال–تەمسىللەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ھەر خىل، مەنا ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

مەسىلەن: okuz azaki bolqinqa buzaqu

ئوكۇزنىڭ پۇتى بولغۇچە،موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىستت81-بەت).[2]

بۇ تەمسىل «بېقىندىلىقتىن مۇستەققىللىق ياخشى »دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلدۇ.كىشلەرنى يالۋۇرۇپ تۆۋەن ئورۇندا تۇرغاندىن،ئاددىي ۋە ياكى كىچىك بولسىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان ئورۇندا يەنىلا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدەك ئىدىيە چۈشەندۈرۈلگەن.بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۋاتقان « باش » ھايۋانلارنىڭ بېشى .

Arik arini yaqliq armagu baxi kanliq

2 مەھمۇد كاشغەري: « تۈركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 81-بەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

ئىشچاننىڭ ئېرنى ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق. (« تۆركىي تىللار دىۋانى »، تېكىست96-بەت).[3]

ئىشچان ئادەم تىرىشچانلىقى بىلەن ھارماي-تالماي ئىشلەپ ئۆز كۈننى ياخشى جان ئېتىدۇ،ئەكسىچە ھورۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ئېرىنچەكلىكىدىن ئىشتىن قېچىپ،ئۆزىگە بالا-قازا تېرىيدۇ ۋە ياخشى بولمىغان ئاقاقلارغا قالىدۇ دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. بۇ ماقالدا ھورۇنلۇقنى تاشلاپ ،ئىشچان بولۇشقا ئۈندىگەن . بۇ يەردىكى « باش » ھورۇن ئادەمنىڭ بېشىنى كۆزدە تۇتقان .

Yaqini axaklasa baxka qikar

يېقىنى سەل چاغلىسا،باشقا چىقار. (« تۆركىي تىللار دىۋانى »، تېكىست401-بەت).[4]

بۇ ماقالدا دۈشمەننى سەل چاغلىماسلىق،ھەر قانداق ۋاقىتتا ھوشيار بولۇش لازىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن .بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان « باش »جاننى كۆرسىتىدۇ ، « باشقا چىقار »بولسا جېنىڭغا زامىن بولىدۇ ،جېنىڭغا چىقىدۇ دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

**ئىككىنچى**، « تۆركىي تىللار دىۋانى »دىكى « كۆز » گە دائىر ماقال–تەمسىللەر، مەسىلەن:

Aqiz yese koz uyazur

ئېغىز يېسە، كوز ئۇيىلار. (« تۆركىي تىللار دىۋانى »، تېكىست77 -بەت).[5]

بۇ ماقالدا بىراۋنىڭ بېرەر نەرسىسىنى يېسە ۋە ئالسا،كېيىن ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقالماي تەڭقىسلىقتا قالسا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ،شۇكا بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئالدى-كەينىنى پەملەپ ئىش قىلىش لازىملىغىدەك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان « كۆز »جانلىقلاردىكى كۆرۈش ئەزاسى.

Balik suuda kozi taxtin

بېلىقنىڭ ئوزى سۇدا،كوزى تاشقىرىدا. (« تۆركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست491-بەت).[6]

بۇ تەمسىل بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالىدىغان ئادەملەرگە قارىتىلغان . بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان « كۆز »جانلىقلاردىكى كۆرۈش ئەزاسى ،ئەمما شۇنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە خۇپسەنلىك قىلماسلىق لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

Kunge baksa koz kamar

كۈنگە باقسا كۆز قامىشار. (« تۆركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست442-بەت).[7]

كۈن نۇرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىغاندا كۆزگە تەسىرى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئاساس قىلىنغان.

**ئۈچىنچى**، « تۆركىي تىللار دىۋانى »دىكى ئېغىزغا دائىر ماقال–تەمسىللەر ،مەسىلەن:

Kuyuk kuxuk aqizka yaramas kuruk soz kulakka yakixmas

3. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۆركىي تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 يىلى. نەشرى، 96-بەت

4. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۆركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 401-بەت [M] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى

5. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۆركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 77-بەت [M]شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

6 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 491-بەت.

7 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 442-ە

قۇرۇق قۇشۇق ئېغىزغا يارىماس،قۇرۇق سوز قۇلاققا ياقماس. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست497-بەت).[8]

بۇ ماقال بىر كىمدىن بىرەر ياردەم سورىماقچى بولغاندا ،ئۇنىڭغىمۇ بىرەر پايدا يەتكۈزۈش زۆرۈرلىگى،بىكارغا ياردەم قىلدىغان ئىشنىڭ ئازلىقى ۋە يوقلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۋاتقان « ئېغىز »جانلىقلاردىكى ئەزانى كۆرسەتكەن.

Ot tese aqiz koymes

ئوت دىگەنگە ئېغىز كۆيمەس. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست61-بەت).[9]

بۇ ماقال قىلىپ تاشلىغان سۆزىگە ئۆزرە ئېيتقان كىشىگە قارتىپ ئېيتىلغان.

Tuzun birle urux birle tiraxma

يۇۋاش بىلەن ئېتىش،ئېغىزىڭنى كۆتىرەر،

ئەسكى بىلەن تەڭ بولما،سېنى يەرگە قارىتار. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست540-بەت).[10]

سېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن تەغدىردىمۇ يۇۋاش ئادەم كوتىرىپ كېتىدۇ،ئەمما ئەسكى ئادەم يول قۇيۇشنى بىلمەيدۇ.شۇڭا ئۇنداقلار بىلەن ئۇرشۇپ ئۆزىنى ئۇپراتقاننىڭ پايدىسى يوق دىمەكچى.

**تۆتىنچى،** « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى قول-پۇتقا دائىر ماقال–تەمسىللەر،مەسىلەن:

Karqa kazka otkunse puti sinur

قاغا غازنى دورىسا ،پۇتى سۇنار. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست338-بەت).[11]

بۇ تەمسىلدە قاغا بىلەن غازنى مىسال قىلىش .ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا،ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكىنى توغرا بايقاشقا ماھىر بۇلۇپ،ئورنى يوق ئوكۇشسۇزلۇققا دۇچار بۇلۇشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىنغان. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۋاتقان « پۇت »جانلىقلاردىكى ئەزانى كۆرسەتكەن.

Ay tolun bolsa alkin imlemas

تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرستىلمەس. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست112-بەت).[12]

ئاي تۇلۇن بۇلسا ھەم يوغان ھەم يۇملاق بۇلىدۇ ،ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ.بۇ ماقال ھەر بىر مەشھۇر نەرسىگىمۇ تەمسىل قىلىپ ئېيتىلدۇ.

Takaqu iqqinma yazidaki seulin azareli eudeki

قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ،ئۆيدىكى تۇخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست583-بەت).[13]

بۇ تەمسىلدە كىشىلەرنى ئۆزىدە بار بولغاننىڭ قەدرىنى قىلىپ ،باشقا يوق قۇرۇق نەرسىنىڭ خىيالىدا بولماسلىققا ،يوق نەرسىنى دەپ ،قولىدىكى نەرسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىققا ئۈندىگەن.

---

8 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 497-بەت

9 .شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى [M] مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 61-بەت

10 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 540-بەت

11 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 338-بەت

12 مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 112-بەت [M] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

13 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 164-بەت

Bax arnak tuz ermes

بەش بارماق تەكشى ئەمەس. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »، تېكىست164-بەت).[14]

بۇ ئادەملەرمۇ بىر-بىردىن پەرىقلىنىدۇ،ھەممە ئادەم ۋە شۇنداقلا ئىشلار ئوخشاش بولمايدۇ دېمەكچى.

Kozagu uzun bolsa elik koymes

كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »، تېكىست584-بەت).[15]

بۇ ماقالدا «ئىشقا يارايدىغان بالا –چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ » دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان

بەشىنچى، « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر باشقا ماقال– تەمسىللەر، مەسىلەن:

Tirig esen bolsa tag ukux korur

جان ئېسەن بولسا ، تاغ (قالارلىق)ئىشلارنى كۆپ كۆرەر. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست84-بەت).[16]

ئادەمنىڭ جېنى ئامان بولسا بۇ دۇنيادا ياشىغۇچە نۇرغۇن ئاجايىب-غارايىپ ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرار دېگەن مەنادا كەلگەن.

Ardam baxit

ئەدەپ-ئەردەمنىڭ بېشى تىل. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، تېكىست145-بەت).[17]

بۇ ماقالدا كىشىنى گۈزەل سۆزلۈك بۇلۇشقا ، ئەدەب بىلەن سۆزلەش ھەممە ئەخلاقنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى،چىرايلىق سۆزلۈك كىشىنىڭ ئابروي تاپىدىغانلىقىنى تەكىتلەنگەن.

Toqum yuzup qudruqta picaq sima

مالنى سۇيۇپ قۇيرۇقىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويما. (« تۈركىي تىللار دىۋانى »،تېكىست360-بەت).[18]

بۇ ماقالدە ئۆزى باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇپ ئەستايىدىل ئورۇنداش، ئۆزى قىلغان ئىشقا ئاخىرغىچە ئىگە بولۇش لازىملىقى ئېيتىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى »دا تىلغا ئېلىنغان كىشلەرنىڭ ھۈنەر-كەسىپ، ئۆرۈپ-ئادەت، يېمەك-ئىچمەك، تىل ئادەتلىرى توغرىسىدىكى ماقال –تەمسىللەرنىڭ تۈرى خىلمۇ-خىل، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بۇلۇپ ،بۇ ماقال – تەمسىللەرنىڭ ئارىسىدا ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر سۆزلەر قۇشۇلغان ماقال – تەمسىللەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۈردىكى ماقال –تەمسىللەر قارىماققا ئاددىي ھەم سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان كونتېكىستتا ئوخشاش بولمىغان مەنالارغا ئىگە ۋە شۇنداقلا بىزنىڭ شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ماقال-تەمسىللەردىن

14 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 584-بەت

15 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 84-بەت

16 [M] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى مەھمۇد كاشغەريي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم، 84-بەت

17 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 145-بەت

18 يۇقىرىقى ئەسەر، بىرىنجى توم، 360-بەت

بىز ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ بۇلار بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمىزنى ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## پايدىلانمىلار


[1]. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »بىرىنچى توم [M]،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1981-يىلى نەشرى.

[2]. مەھەممەت رەھىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1979

[3]. ئادىلە قاھار: « < تۈركىي تىللار دىۋانى> دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيتى ھەققىدە»[J]،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى،2012-يىللىق 2-سان.

[4]. تۇرغۇنجان ئىسلام: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم تېنى ۋە ئەزالارغا دائىر تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»[J]،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى،2012-يىللىق 3-سان.

[5]. شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن: « مەھمۇد كاشغەرىي ۋە < دىۋانى لۇغاتتىن تۈرك> »[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى،2010.

[6] Deng Hao 'Song Tucue Dasidian Kan Hasıhan Vangçao de Vucı Venhua' ['Divanı Lugatıt Türk'ten Karahanılar Hanedanlığı Material Kültürüne Bir Bakış]，*Kuzeybatı Tarih Coğrafya Dergisi*, sayı: 4, 1996.